# گۇۋاھلىق

ئىسمى: ئابدۇراھمان مەمەت

گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: كىچىك تاغىسى (ئاپا تەرەپ)

كىملىك نومۇرى: 652101198909171831

ئادرېس: تۇرپان شەھەر ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازار بۇلاق كەنتى 2-گۇرۇپپا.

ئالاقە نومۇرى: 8618690321952+

خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئالتۇن كۆۋرۈك خەلقئارا ساياھەت شىركىتى تۇرپان شۆبىسى

新疆金桥国际旅行社吐鲁番分社

ئادرېس:

新疆维吾尔自治区吐鲁番市高昌区绿洲东路 150 号 水景花园一号楼三单元 2201 号

خىزمەت ئورنى نومۇرى 1: 869958832300+

خىزمەت ئورنى نومۇرى 2: 8613899318116+

شىركەت دىرېكتورى: غېنى غۇپۇر (艾尼·吾普尔)

تېلېفون نومۇرى: 8613899318116+

يوقاپ كەتكەن ۋاقت : 2019-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى

تۇرپان شەھەر ئىدىقۇت رايونلۇق ساقچىخانا نومۇرى: 869958564820+

ئاپتونۇم رايونلۇق ج خ نازارىتى نومۇرى: 869915586114+

## يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدى كەينىدە:

6-ئىيۇل: خىزمەت ۋەجىدىن پىلان بويىچە ساياھەتچىلەرنى باشلاپ غۇلجىغا 7-ئىيۇل يولغا چىقماقچى بولغان.

7-ئىيۇل: لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە گۇۋاھلىق شاھىت بىز تورىغا چىقىرىلغان. ھەممىدە تېز سۈرەتتە فەيسبۇك ۋە باشقا سۇپىلاردا تارقالغان.

9-ئىيۇل: تەۋەلىك ساقچىخانىسىدىن تېلېفون كەلگەن، تېلېفوندا ئاپىسى ئايشەمخان مۇھەممەتنىڭ ئىشنى (لاگېردىن كەلگەن بىر پارچە خەت) نى كىملەرگە دېگەنلىكى سورالغان، ۋە شۇ كۈنى كەچتە تېلېفون قايتۇرۇشنى ئېيتقان.

11-ئىيۇل: ساياھەت ئاخىرلىشىپ تۇرپانغا قايتقان. شۇ كۈندىن باشلاپ ئالاقە ئۈزۈلگەن. شۇ كۈنى كەچتە گۇۋاھلىق بەرگۈچى خىتاينىڭ مەلۇم يېرىدە تۇرۇشلۇق تونۇشى ئارقىلىق ئابدۇراھمان مەمەتنىڭ تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون قىلغان، ئەمما تېلېفون تاقاق بولغان. خىزمەت ئورنىغا قىلغاندا تېلېفون ئېلىنمىغان.

12-ئىيۇل: ئالدىنقى كۈنى تېلېفون قىلغان تونۇشى يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلغان، تېلېفون ئېچىلغان ئەمما ئېلىنمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن تېلېفون قىلغاندا تېلېفون تاقاق ھالەتتە تۇرماقتا.

13-ئىيۇل: پۇل مۇئامىلە ۋاقتى (Financial Times) مۇخبىرى تۇرپاندا زىيارەتتە بولغان، مۇخبىر تۇرپاندا زىيارەت جەريانىدا تۇرپان دائىرىلىرىنىڭ كەينىگە چۈشۈش، بىئارام قىلىشىغا ئۇچرىغان. شۇ پەيتتە شۇ كىشىلەردىن ئابدۇراھمان مەمەتنىڭ دېرىكىنى قىلغاندا "بىز سەن بىلەن كېيىن ئالاقىلىشىمىز" دەپ مۇخبىرنى يولغا سالغان. مۇخبىر ئۇلاردىن ئالاقە ئۈچۈن نومۇر سورىغاندىمۇ تەمىنلەشنى رەت قىلغان.

20-ئىيۇل: تۇتۇلۇپ تۇرپاندا ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان.

23-ئىيۇل: مۇخبىر يەنە بىر قېتىم تېلېفون ئاچقان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن.

26-ئىيۇن: چەتئەلدىكى مەلۇم تونۇشى تۇرپان شەھەر ئىدىقۇت رايونلۇق ساقچىخانىغا تېلېفون قىلغان، تېلېفوننى ئالغان خىتاي ساقچى تېلېفون قىلغان كىشىنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق بولمىسا ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىن يۇقىرىدىكى مۇخبىرنىڭ تۇرپان زىيارىتىنى تىلغا ئالغاندا ئابدۇراھمان مەمەتنىڭ قاچان قەيەردە يوقاپ كەتكەنلىكىنى سورىغان، ئەمما يەنىلا بىر جاۋاب بەرمىگەن. دىرېكتورىغا تېلېفون قىلغاندا "ئىشقا كېلىۋاتىدۇ، ئەمما مەن ئۇزاق بولدى ئالاقە قىلمىغىلى، مەن دائىم سىرتتا يۈرۈيمەن" دېگەن.نەچچى مىنۇت ئالدىدا ئۆزىگە تېلېفون قىلسا تېلېفون تاقاقلىغىنى ئېيتىپ، ئابدۇراھمان مەمەت بىلەن قاچان كۆرۈشىدىغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتنى دېسە يەنە تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى دېگەندە بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇيۇقسىز پوزىتسىيەسى ئۆزگىرىپ قوپال ئاۋازدا "ئۆزۈڭ ئالاقىلەشكىن" دەپ تېلېفوننى قويىۋەتكەن.

ئابدۇراھمان مۇھەممەد تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بىرى بولۇپ، سەككىز يىل خىتايچە مائارىپ ئالغان، ھېچقانداق قايتا تەربىيەلەشكە مۇھتاج ئەمەس! چەتتىكى تونۇشى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئۆز ئەھۋالىنى دۇنياغا ئېيتىپ ئادىللىق تەلەپ قىلىش ھېچقانداق دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئەمەس! ئۇنىڭ دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشىنى سورايمىز.